## 6254 ـ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن توي قىلىش شەرتمۇ؟

### سۇئال

مەن ئەگەر بىر مۇسۇلمان توي قىلماي ۋاپات بولسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ توغرىمۇ؟، ئەگەر توغرا بولسا، ئۇنىڭ دەلىلى نىمە؟. مەنچە سەۋەبى كۆپىيىش (نەسل قالدۇرۇش) ۋە هارام جىنسىي ئالاقىدىن ساقلىنىش سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن، بۇ بولسا باشقا دىنلار بىلەنمۇ ئورتاق بولغان سەۋەبلەردۇر. ئەمما مەن ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىنى بىلىشنى خالايمەن، ئۇ بولسىمۇ: بىر ئادەم بىر ۋاقىتتا تەقۋادار بولۇش بىلەن بىرگە توي قىلماي ياشىشى مۇمكىنمۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن توي قىلغان بولۇشنى شەرت قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسان ئۆزىنىڭ چەكلەنگەن ـ هارام ئىشقا چۈشۈپ قىلىشىدىن ئەنسىرىسە بۇ ۋاقىتتا چوقۇم توي قىلىشى كېرەك بولىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ توي قىلماي ئۆتسە ئۇ كىشى خاتالاشقان بولىدۇ.

ئىككىنچى جۈملە هەققىدە: بىر كىشى تەقۋادار بولۇپ، ئۆيلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ نادىر هالەت. كۆپىنچە، توي قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى ئادەتتە ئىككىسىدىن بىرى بولىدۇ: يا ئاجىزلىق، يا بۇزۇقلۇق ـ ئەخلاقسىزلىق. خۇددى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توي قىلمىغان بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەندەك: «سىنى توي قىلىشتىن پەقەت ئاجىزلىق ياكى بۇزۇقلۇق چەكلەپ قويىدۇ»، هەر قانداق هالدا، ئىسلام توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن هېسابلايدۇ، شۇنداقلا توي قىلىشتىن ۋاز كېچىشنى چەكلەيدۇ، هەتتا ئىبادەت ئۈچۈن توي قىلماي بويتاق ئۆتۈشنىمۇ چەكلەيدۇ، چۈنكى «ئىسلامدا راهىبلىق يوقتۇر».

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.